# ئى ئوغۇل! بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدىڭدىن ئىلىپ يېگىن

ئۆمەر بىن ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە تەربىيلىنىۋاتقان بالا ئىدىم، تاماق يېگەندە قولۇم قاچىنىڭ ھەممە يېرىنى سىلاشتۇراتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى:« ئى ئوغۇل! بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدىڭدىن ئىلىپ يېگىن»، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلدىم.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى ئۆمەر بىن ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (ئۇ بالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسى ۋە كۆكۈل بۆلۈشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن) ئۇ يېمەك يېگەندە يېمەكنى ئېلىش ئۈچۈن قاچىنىڭ ھەممە تەرىپىگە قولىنى ئۇزىتاتتى، بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەك ئەدەپ قائىدىلىرىدىن ئۈچ تۈرلۈك ئەدەپ-ئەخلاقنى تەلىم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: بىرىنچى: يېمەك يېيىشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دېيىش. ئىككىنچى: ئوڭ قولى بىلەن يېيىش. ئۈچىنچى: يېمەكنى ئۆزىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن يېيىش.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58120

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee